


جىن شىن:

# ئاممىنىڭ ئىشىنى قەلبىگە پۈكۈش

□ مۇخبىرىمىز چېن چېن

چۆچەك شەھىرىنىڭ ئاشىل داغۇر مىللىي يېزىسىدا جىن شىن تىلغا ئېلىنسا، ھەر مىللەت ئامما باش بارمىقىنى چىقىرىپ: «جىن يېزا باشلىقى، ئۇ بەك قالتىس!» دېيىشىدۇ.

بۇ يىل 35 ياشقا كىرگەن جىن شىن ئاشىل داغۇر مىللىي يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، يېزا باشلىقى، ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ چاشا بازىرى ۋە ئاشىل داغۇر مىللىي يېزىسىدىن ئىبارەت كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئىككى يېزا - بازاردا خىزمەت قىلغان، ئۇدا توققۇز يىل ئىشلىگەن. ئۇ باشتىن - ئاخىر ئاممىغا رىشتە باغلاپ، ئاممىنىڭ ئىشىنى قەلبىگە پۈككەن.

چاشا بازىرىدا، جىن شىن بىرلىك سەپ خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. چاشا بازىرىنىڭ نوپۇسى 10 مىڭدىن ئاشىدۇ، ئاممىنىڭ ئارزۇ - تەلەپلىرىدە بىپەرۋالىق قىلماسلىق، چۈشۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، مەيلى قەيەرگىلا بارسۇن، ئۇ ھەمىشە بىر خاتىرە دەپتىرىنى يېنىدا ئېلىپ يۈرۈپ، ئاممىنىڭ ئارزۇ - تەلىپىنى بىر - بىرلەپ دەپتەرگە خاتىرىلەپ، يەنە تۈرمۇتۈر ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ ئەمەلىيلەشتۈردى. ئۇ: «ئاممىنىڭ ئىشى مېنىڭ ئىشىم» دەيدۇ.

2012 - يىلى، چاشا بازىرى چەت جېبىك كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ما لىيەنگونىڭ ئۆيىگە ئوت كېتىپ، بىرنەچچە ئېغىز ئۆيىنىڭ ھەممىسى ۋەيران بولغانىدى. بىر ئائىلە كىشىلىرى ئامالسىز قالغاندا، جىن شىن ۋاقىتلىق تۇرىدىغان چېدىر ئەكېلىپ بەردى، يەنە ئۇلارغا ئەمىن ئۆي ياردەم پۇلىنى ماسلاشتۇرۇپ بەردى. ئىككى ئايدىن كېيىن ئۆي سېلىنىپ، ما لىيەنگو ئائىلىسىدىكىلەر چېدىردا تۇرۇش تۇرمۇشىنى ئاخىرلاشتۇردى.

يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرگەن كۈنى، ما لىيەنگو جىن شىننىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ مىننەتدارلىق بىلەن: «جىن ئىنىم، رەھمەت سىزگە، ئائىلىمىز ئەڭ قىيىنچىلىقتا، ئەڭ يار - يۆلەكسىز قالغاندا، سىز كەلدىڭىز، ئۆيىنى سېلىۋالدۇق، سىز مەڭگۈ مېنىڭ ياخشى قېرىندىشىم، بۇ مېھىر - شەپقىتىڭىزنى مەن بىر ئۆمۈر ئۇنتۇپ قالمايمەن» دېدى.

2015 - يىلى 10 - ئايدا، جىن شىن ئاشىل داغۇر مىللىي يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، يېزا باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. مەيلى قەيەردە خىزمەت قىلسۇن، ئۇ باشتىن - ئاخىر قىزغىنلىق بىلەن ھەر مىللەت ئاممىسى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدى.

2016 - يىلى 8 - ئايدا، جىن شىن ئاياغ مەنجىباق كەنتىدىكى قازاق مىللىتىدىن بولغان نامرات ئائىلە ئادالقان مولدابايىنىڭ ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بارلىقىنى، خوتۇنىنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى، ئەمگەك ئىقتىدارى يوقلۇقىنى، قىزى مېرۋېرت شىنجاڭ تېببىي داشۆسىگە ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئوقۇش پۇلىنى تاپشۇرالمىغانلىقىنى ئۇقتى.

بالىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، جىن شىن خەلق ئىشلىرى، مائارىپ، مېيىپلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق تارماقلارغا قاتراپ، ئادالقان ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى، مېيىپلىك ياردەم پۇلى، ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش مەبلىغىنى ئىلتىماس قىلىشقا ياردەم بېرىپ، تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق بالىنىڭ ئوقۇش پۇلىنى توپلىدى.

2017 - يىلى ئاياغ مەنجىباق كەنتىدىكى نامرات ئائىلىدىن ئۈچ بالا ئالىي مەكتەپكە ئۆتتى. جىن شىن تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى بىر ئورۇننى نامرات ئائىلىدىكى ئۈچ نەپەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا پۇل ئىئانە قىلىشقا ماسلاشتۇرۇپ، ھەربىر بالىغا تاكى ئۇلار ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنگە قەدەر، ھەر يىلى 10 مىڭ يۈەندىن مەبلەغ ياردىمى بېرىدىغان قىلدى.

«مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، جىن شىن ۋە خوتۇنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئايرىم - ئايرىم ھالدا خەنزۇ، خۇيزۇ، قازاق ئۈچ مىللەتتىن بولغان ئائىلىلەر بىلەن قوشماقلىشىپ تۇغقانلاشتى.

2018 - يىلى 3 - ئايدا، جىن شىننىڭ تىزى ئاغرىپ بىئارام بولۇپ، تىزى، ئوشۇقىدىكى سىڭىر مەڭگۈلۈك زەخىملەنگەن، دەپ دىياگنوز قويۇلۇپ، ئوپېراتسىيە قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە توغرا كەلدى. ئوپېراتسىيەدىن كېيىن دوختۇر ئۇنى بىر يىل دەم ئالسۇن، دەپ تاپىلىدى، ئەمما ئۈچ ئاي بولمايلا، جىن شىن گىپسنى ئېلىۋېتىپ، قوغداش بۇيۇمى تاقاپ، ھاسىغا تايىنىپ ئېتىز - ئېرىق باشلىرىدا پەيدا بولدى.

2015 - يىلى 12 - ئايدا، جىن شىن ئەرز قىلىپ كەلگەن بەش دېھقان ئىشلەمچىنىڭ ھوقۇقىنى قوغداپ ئىش ھەققىنى سۈرۈشتۈرۈپ، نېسى قالغان 50 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىش ھەققىنى ئېلىپ بەردى؛ 2017 - يىلى 8 - ئايدا كۆككۆۋرۈك كەنتىدىكى خۇيزۇ كەنت ئاھالىسى ما يوۋشياڭنىڭ ئۆيىدە ئوت ئاپىتى يۈز بەردى، ئۇ ئوت ئۆچۈرۈش خادىملىرى بىلەن بىرلىكتە ئوتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆچۈردى؛ بۇ يىل 3 - ئايدا، بۇ يېزىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتىدىكى ئۇيغۇر كادىر ئالنۇر ئابلىز تۇخۇمدان ئۆسمىسى كېسىلىگە گىرىپتار بولغاندا، ئۇ پۈتۈن يېزىدىكى ھەر مىللەت ئاممىنى پۇل ئىئانە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى ھەم ئالنۇرنىڭ جەمئىيەتتىن مېھىر - شەپقەت ئىئانىسى توپلىشىغا ياردەم بەردى...

نۆۋەتتە، جىن شىن بەنزە ئەزالىرىنى باشلاپ، ھەرقايسى كەنتلەرنى يەر ئوبوروتى ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇشقا يېتەكلەش، ئۆزگىچە سۈپەتلىك ماركا يارىتىش، نامراتلارنى يۆلەش تۈرىنى قولغا كەلتۈرۈش، بوغداي زاكاز قىلىش شەكلىدىكى تېرىقچىلىقنى ئومۇملاشتۇرۇش... نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش يولىغا ئاتلانماقتا.

لىنا:

# گۈللەرنى كۆڭۈل قويۇپ سۇغارغان «باغۋەن»

□ مۇخبىرىمىز چېن چېن

چۆچەك شەھەرلىك 2 - يەسلىنىڭ رۇس ئوقۇتقۇچىسى لىنا يەسلى مائارىپى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، باشتىن - ئاخىر يەسلى مائارىپى ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيۈپ كەلدى، ئۇ يەسلىدىكى ھەربىر بالىنى خۇددى ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ، ئاتا - ئانىلار بىلەن بالىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى.

يەسلى خىزمىتىدە ئىش تۈگىمەيدۇ، مۇرەككەپ، مۇئەللىملەرنىڭ تېخىمۇ كۆپ مېھىر - مۇھەببەت، سەۋرچانلىق ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن ھەربىر بالىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىغا توغرا كېلىدۇ.

بىر قېتىم گىمناستىكا ئويناۋاتقاندا، سىنىپتىكى جېڭ يۈمېڭ ئىسىملىك بىر قورقۇنچاق بالا ئېھتىياتسىزلىقتىن ئىشتىنىغا سىيىپ قويۇپ، ئاپا دەپ يىغلىدى، لىنا ئالدىراپ - تېنەپ ئۆزىنىڭ چاپىنىنى سېلىپ جېڭ يۈمېڭنى ئوراپ كۆتۈرۈپ سىنىپقا ئېلىپ كىردى، ئۇ ئىسسىق سۇ بىلەن جېڭ يۈمېڭنى پاكىز يۇيۇپ، پاكىز ئىشتان ئالماشتۇرۇپ، جېڭ يۈمېڭغا: «بىزنىڭ جېڭ يۈمېڭ ئەڭ قالتىس!» دېدى. يىغلاۋاتقان جېڭ يۈمېڭ يىغىدىن توختاپ كۈلدى.

جېڭ يۈمېڭ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ئاپىسىغا: «لىنا مۇئەللىم مېنىڭ يەسلىدىكى ئاپام» دېدى.

ئەقىللىق، ئوماق بالىلارنى ياخشى كۆرۈش ئەلۋەتتە ئاسان، ئەمما مىجەزى غەلىتە بالىلارنى ياخشى كۆرۈشتە بولسا تېخىمۇ ئۇلارغا خاس ئىنچىكىلىك بىلەن مېھىر - مۇھەببەت يەتكۈزۈشكە ۋە سەۋرچان بولۇشقا توغرا كېلىدۇ.

لىنانىڭ سىنىپىغا ئىلگىرى چېن كۇن ئىسىملىك بىر رۇس بالا يۆتكىلىپ كەلگەن بولۇپ، كىچىكىدىنلا ئېغىر دەرىجىدە يىراقنى كۆرەلمەيتتى، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئاۋازىغا تايىنىپ باشقىلارنى پەرقلەندۈرەتتى. لىنا چېن كۇننىڭ بىرقەدەر ئۆزىنى تۆۋەن كۆرىدىغانلىقىنى، كۈلۈشنىمۇ، گەپ قىلىشنىمۇ ياقتۇرمايدىغانلىقىنى بايقىدى.

لىنا چېن كۇننى ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ئىشەنچ تۇرغۇزۇشى ۋە تۇرمۇشقا دادىل يۈزلىنىشىگە ياردەم بېرىشكە ئىرادە باغلىدى. ئۇ سىنىپتىكى كىچىك دوستلارنى چېن كۇنغا يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭغا دوستلۇقنى ئىپادىلەشكە، كۆپچىلىكنى ئۆزئارا كۆيۈنۈش ۋە ياردەم بېرىشكە ئىلھاملاندۇردى.

بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا، لىنا ئۇنىڭغا دادىل پىكىر قىلىشنى ئۆگىتىپ، ئۇنى توختىماي ئىلھاملاندۇردى، ئۇنىڭدا ئازراق ئىلگىرىلەش بولسىلا، لىنا ئۇنى قۇچاقلاپ، بېشىنى سىلاپ، بەدەن تىلى ئارقىلىق ئۇنىڭغا مۇئەللىمنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشىنى ھېس قىلدۇردى، لىنا يەنە پۈتۈن سىنىپتىكى ساۋاقداشلارنىڭ ئالدىدا ئۇنى ماختىدى.

لىنانىڭ سەممىي ئەجىر سىڭدۈرۈشى بىلەن، چېن كۇن ئاخىر باشقىلار بىلەن ئارىلىشىدىغان بولدى، لىنا مۇئەللىمنىڭ سىنىپقا كىرگەندىكى ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىسىلا، ئۇ ھەمىشە ئوماق تەبەسسۇم قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئالاھىدە، شۇنداقلا ئەڭ ساددا ئۇسۇلى بىلەن مۇئەللىمگە بولغان ئامراقلىقىنى ئىپادىلەيدىغان بولدى.

ھازىر، چېن كۇن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ. ئۇ مۇنداق دېدى: لىنا مۇئەللىمنىڭ ئاۋازى مەن ئاڭلىغان دۇنيادىكى ئەڭ يېقىملىق ئاۋاز، مەن بىر ئۆمۈر ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن.

چېن كۇنغا ئوخشاش بالىلار يەنە ناھايىتى كۆپ، لىنانىڭ يانفونىدا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ سۈرىتى بار. ھازىر، لىنا يەنە يەسلى مائارىپىنىڭ بىرىنچى سېپىدە بالىلارغا كۆك ئاسمان، ئاق بۇلۇتلارنى سىزىشنى، بالىلار قوشاقلىرىنى ئېيتىشنى ئۆگىتىپ، ياردەمگە موھتاج بالىلارغا ياردەم بېرىۋاتىدۇ.

مېھىر - مۇھەببەت بىر ئالتۇن ئاچقۇچ بولۇپ، بالىلارنىڭ قەلب كۆزنىكىنى ئاچالايدۇ، مېھىر - مۇھەببەت يەنە مۇۋەپپەقىيەتلىك تەربىيەلەشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ مەنبەسى. ئادەتتىكى ئوقۇتۇش پائالىيىتىدە، لىنا مېھىر - مۇھەببەتنىڭ بارلىق تەربىيەنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزمەكتە. تۇغما ئەقىللىق بالىلارغا نىسبەتەن، ئۇ مەقسەتلىك ھالدا ئۇلارنىڭ پەزىلىتى، ئىرادىسىنى يېتىلدۈردى؛ ئىچ مىجەز بالىلارغا نىسبەتەن، ئۇ مېھىر - مۇھەببەت، سەۋرچانلىقى بىلەن ئاچقۇچ ياساپ ئۇلارنىڭ قەلب كۆزنىكىنى ئاچتى. لىنا بالىلارنىڭ ئۆيىدىكى ھەمراھى، ئۆگىنىشتىكى مۇئەللىمى، تۇرمۇشىدىكى ئانىسى.

لىنا مۇنداق دېدى: «بالىلار دۇنيادا ئەڭ ساددا، ئەڭ ئاق كۆڭۈل كېلىدۇ، سىز ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلسىڭىز، ئۇ چوقۇم سىزگە ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ. مەن بالىلارنىڭ ساغلام، خۇشال - خۇرام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەربىر بالا چوڭ بولىدۇ، لېكىن ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشتە يەنىلا مۇئەللىمى بىلەن ئاتا - ئانىسىنىڭ ئورتاق كۆيۈنۈشى بولمىسا بولمايدۇ».

لىنا كۆپ قېتىم چۆچەك شەھەرلىك پارتكوم ۋە شەھەرلىك مائارىپ سىستېمىسى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، ئوقۇتقۇچىلىق ئەخلاقى ئۈلگىسى، مۇنەۋۋەر سىنىپ مۇدىرى بولۇپ باھالاندى، كۆپ قېتىم تارباغاتاي ۋىلايىتى بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى ھەم ئاپتونوم رايونلۇق 7 -، 8 -، 9 - قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلاندى. 2013 - يىلى 2 - ئايدا، لىنا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلاندى. 2014 - يىلى 10 - ئايدا، مەملىكەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلاندى.

لىنا مۇنداق دېدى: «مېنىڭ ئارزۇيۇم بۇ ئادەتتىكى خىزمىتىمنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش».

## گۈزەل يۇرت - ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايلى

# بوران - چاپقۇنلۇق مۇساپىدە شانلىق نەتىجە يارىتىش

□ جىمسار ناھىيەلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن ھاكىم  فاڭ جۈنشىن

مەن ۋەتىنىمىزنىڭ شەرقىي دېڭىز ساھىلىدىكى جېجياڭ تەيجوۋدىن كەلدىم. 2018 - يىلى 8 - ئايدا، مەن تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن شىنجاڭدىن ئىبارەت ئۇزاقتىن بۇيان تەلپۈنۈپ كەلگەن بۇ ئاجايىپ ئوتلۇق تۇپراققا قەدەم تاشلاپ، كىشىلىك ھاياتىمنىڭ يېڭى مۇساپىسىنى باشلىدىم.

مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، شىنجاڭدىكى ھەممە نەرسە يېڭىچە، ئاجايىپ ئىدى. بۇ يەردە چۆل - جەزىرە بىلەن قارلىق تاغ بىر - بىرىگە ياراشقان، قۇملۇق بىلەن بوستانلىق گىرەلىشىپ كەتكەن؛ بۇ يەرنىڭ تارىخى ئۇزاق، پارلاق، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى رەڭدار. بۇ يەردە قۇياش سائەت 8دە كۆتۈرۈلىدۇ، بۇ يەردە 5 - ئايدىمۇ چاڭغا تېيىلغىلى بولىدۇ؛ بۇ يەردىكى كىشىلەر ئىناق ئۆتىدۇ، بۇ يەر ئىتتىپاقلىشىپ ئىلگىرىلەش كەيپىياتىغا تولغان.

دەۋر ئۆزگىرىۋاتىدۇ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيانقى بوران - چاپقۇنلۇق مۇساپىدە شىنجاڭنىڭ بۈگۈنكىدەك شانلىق نەتىجىلىرى يارىتىلغان.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ ئورتاق يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. ھەر قېتىم كەڭرى پىيادىلەر يولىدا ماڭغىنىمدا، قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئېگىز بىنالار، قايناق - تاشقىنلىققا چۆمگەن ئاۋات مەنزىرىلەرنى كۆرىمەن، تۇرمۇش زامانىۋى پۇراققا تولغان. ۋەتەننىڭ قوينىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى مەيلى يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، تۇرالغۇ، يۈرۈش - تۇرۇش جەھەتلەردە بولسۇن ياكى مەكتەپتە ئوقۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىش، داۋالىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە بولسۇن، بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتىدۇ. بىر قېتىملىق زىيارەتتىكى بىر پېشقەدەم ئۇيغۇر پارتىيە ئەزاسىنىڭ سۆزى ھېلىمۇ ئېسىمدە: «ئىلگىرى، كۈنبويى قورساقنىڭ غېمىنى قىلىپ، نېمە بىلەن قورساق تويغۇزۇشنى بىلمەيتتىم. ھازىرمۇ قورساق تويغۇزۇشنىڭ غېمىنى قىلىمەن، لېكىن يەيدىغان ياخشى نەرسىلەر بەك كۆپ بولغاچقا، قايسىسىنى يېيىشنى بىلەلمەي قالىمەن؛ ئىلگىرى نۇرغۇن كىشى ئۈرۈمچىگە بېرىپ باقمىغانىدى، چۈنكى بىر قېتىم بېرىش ئۈچۈن ئەڭ تېز بولغاندىمۇ ئۈچ كۈن كېتەتتى، ھازىر ئۈچ سائەتكە قالمايلا بارغىلى بولىدۇ.» شۇنداق، ھازىر شىنجاڭدا مەيلى ئىقتىسادىي تەرەققىيات، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش بولسۇن ياكى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش بولسۇن، ھەممىسىدە تېز تەرەققىيات ۋە ئىلگىرىلەش بولدى. بولۇپمۇ مەركەزنىڭ 2 - قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچى كۆرۈنەرلىك ئاشتى، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى زور بولدى، ئۆزگىچە، گۈزەل كەسپلەر جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلدى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ھاياتىي كۈچى چەكسىز بولدى. سۇ ئىچكەندە مەنبەسىنى ئەسلەش كېرەك، بىز ھەربىر مىللەت، ھەربىر كىشى چىن قەلبىمىزدىن پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئۇلۇغ ۋەتەنگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، تەستە قولغا كەلگەن چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى ھەسسىلەپ قەدىرلەپ، گۈزەل يۇرت - ماكانىمىزنى ئورتاق قوغدىشىمىز كېرەك.

پېشقەدەملەر ھازىرغىچە «چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش» دېگەن سۆزنى ئۇنتۇپ قالمىدى، ئەينى چاغدا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى، ھەرقايسى كەسىپلەردىكى كىشىلەر شىنجاڭغا كەلگەن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چېگرا رايون قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش قىزغىن ئارزۇسىنى ئېلىپ كەلگەن، تېخىمۇ مۇھىمى ئەقىل - پاراسىتى ۋە ئەجرىنى بۇ تۇپراققا سىڭدۈرگەن. مەنمۇ بۇ خىل «چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش روھى»نى داۋاملاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە، مۇھىم، زور سىياسىي مەسئۇلىيەت قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، پارتىيەگە مۇتلەق سادىق بولىمەن. ئامما بىلەن تېخىمۇ زىچ ئالاقە باغلاپ، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىم ئارقىلىق ھەر مىللەت ئامما بىلەن گۈزەل شىنجاڭنى ئورتاق قۇرۇپ چىقىمەن.

(بېشى 1 - بەتتە)

شەخسلەر ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا بولغان چۈشىنىشنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. ۋاقتىدا ئەگىشىپ ئۆگىنىش، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىپ ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنىڭ ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى.

لوپنۇر ناھىيەسىدىكى ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار مەركەزلىك ئۆگىنىشتىن باشقا، ھەر كۈنى تەشكىللىنىپ ئۆزلۈكىدىن ئىككى سائەت ئۆگەندى، كۈندە ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرۈش، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىش، پىكىر ئالماشتۇرۇپ مۇھاكىمە قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق باش تېما تەربىيەسىنىڭ تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

چاقىلىق ناھىيەسى تۈرگە ئايرىپ «يېتەكچىلىك قىلىش» شەكلىنى قوللىنىپ، ئۆيىگە بېرىپ ئۆگىنىشنى يەتكۈزۈش، پوچتىدىن ئەۋەتىپ ئۆگىنىشنى يەتكۈزۈش، تور ئارقىلىق ئوقۇتۇشنى يەتكۈزۈش، ھۆددە ئېلىپ - ئالاقىلىشىپ ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، ئۆگىنىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، پۈتۈن خادىملارنى قاپلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ چاقىلىق بازىرىدىكى ھەرقايسى مەھەللە پارتىيە ياچېيكىلىرى «قوش بىرلەشمە ئائىلە» پارتىيە قۇرۇلۇشى ئالاقىچىلىرى، بىرلەشمە ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىدە پۈتۈن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ «بىرىمۇ كەم بولماسلىق»ىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

باينغولىن ئوبلاستىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى تەربىيەلەش لايىھەسى تۈزۈپ، ئۈچ كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكا شۇجىلىرىنى مەخسۇس تېمىدا تەربىيەلەپ، ھەرقايسى ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكا شۇجىلىرىنىڭ نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى، خىزمەت تەپەككۇرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشى، ئىقتىدار، ساپاسىنى ئۆستۈرۈشىگە ياردەم بېرىپ، باش تېما تەربىيەسىدە ئېغىپ كەتمەسلىك، قۇرۇق بولماسلىق، مەۋھۇم بولماسلىققا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

كورلا شەھىرى يېڭىشەھەر كوچا باشقارمىسى نەنخۇ مەھەللىسى باش تېما تەربىيەسى داۋامىدا، ياشانغان پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتا «بىرگە بىر ياردەم بېرىپ» ئۆگىنىشنى ئۆيىگىچە يەتكۈزۈش شەكلىنى قوللىنىپ «ئۆگىنىشكە ياردەم بەردى»، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى تەشكىلاتلاردىكى پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتا ئەتىگەنلىك ئوقۇش، كەچ كۇرس شەكلىنى قوللىنىپ «جانلىق ئۆگەتتى»، كۆچمە پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتا ئۈندىدار، QQ ئارقىلىق ئۆگىنىش مەزمۇنىنى ئەۋەتىپ «يىراقتىن ئۆگەتتى»، ئۆگىنىش - تەربىيەگە پۈتۈن خادىم قاتنىشىش، ئومۇمىيۈزلۈك قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇردى.

### ■ تۈزىتىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش ئاممىنى تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىش

باش تېما تەربىيەسى داۋامىدا، باينغولىن ئوبلاستىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى دىققەتنى باش نىشانغا پۈختا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئاغرىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا، توسۇق نۇقتا مەسىلىلىرىنى چىڭ كۆزلەپ، ئېتىز باشلىرىغا بېرىپ، پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، مەسىلىلەرنى تېپىپ، مەنبەنى تەھلىل قىلىپ، پىكىر يولىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئامما ئەڭ ئالدىرىغان، ئەڭ غەم قىلغان، ئەڭ تەقەززا بولغان تەخىرسىز مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، ئاممىنى باش تېما تەربىيەسى داۋامىدا تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسىغا ئىگە قىلدى.

باينغولىن ئوبلاستلىق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى ئۆگىنىش - تەربىيە، تەكشۈرۈش تەتقىق قىلىش، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئورگانىك بىرلەشتۈردى. ۋاقتىدا قانۇن - نىزامغا توغرىلىنىپ، ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، نۇقتىلىق تۈرلەرنى ئالغا سىلجىتىدىغان مەسىلە تىزىملىكى تۇرغۇزۇپ، مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش تۈرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە قارىتا، باينغولىن ئوبلاستلىق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى قەرەلسىز ھالدا مەخسۇس تۈر گۇرۇپپىسى ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، مەخسۇس تۈر گۇرۇپپىسىغا ئەزا ئورۇنلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلدى. چەرچەن ناھىيەسى، خېجىڭ ناھىيەسىنىڭ كېيىنكى باسقۇچتىكى يۆلەش خىزمىتىنى چوڭقۇر ياخشى ئىشلەپ، كۆچۈرۈش ئوبيېكتلىرىنىڭ «كۆچۈپ چىقالايدىغان بولۇش، مۇقىم تۇرالايدىغان بولۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلالايدىغان بولۇش»ىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

باينغولىن ئوبلاستلىق تەبىئىي بايلىق ئىدارىسى دىققەتنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، تەكشۈرۈش - كۆزىتىش داۋامىدا ئاممىنىڭ ئىنكاسى گەۋدىلىك بولغان «كۆچمەس مۈلۈك گۇۋاھنامىسى بېجىرىش تەس بولۇش، بېجىرىش ئاستا بولۇش» مەسىلىلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن تۈزىتىپ، بىلگەن ھامان تۈزەتتى. نۆۋەتتە، كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاشتا بىر كۆزنەكتە بىر يۈرۈش ماتېرىيال تاپشۇرۇپلا باج تاپشۇرۇش، قەرز ئېلىش، ئاممىۋى فوند، كىنىشكا بېجىرىش كەسپىنى بېجىرگىلى بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، بېجىرىپ ئاخىرلاشتۇرۇش ۋاقتى چېكى ئەسلىدىكى يەتتە خىزمەت كۈنىدىن بىر خىزمەت كۈنىگە قىسقارتىلىپ، ئىش بېجىرگۈچى ئاممىنى ئاز قاترايدىغان، ئاز ئۆچىرەتتە تۇرىدىغان، ئاز ساقلايدىغان بولدى.

چەرچەن ناھىيەلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسى باش تېما تەربىيەسى داۋامىدا يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمەت سالمىقىنى ھەقىقىي زورايتىپ، يىل ئاخىرىدا ھەربىر ئەمگەك ئىقتىدارى بار ئائىلىدىن ئاز دېگەندە بىر ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، پۇقرالارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا پۈختا ياردەم بەردى. باينغولىن ئوبلاستى لۇڭشېڭ نېفىتلىكى تېخنىكا مۇلازىمەت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى ئالىم راخمان مۇنداق دېدى: «ئۇزاقتىن بۇيان، مەن ھەرتەرەپكە قاتراپ، ئىشلەمچىلىك قىلىشقا تايىنىپ جان بېقىپ كەلگەندىم، ناھىيەلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسىدىكى كادىرلار ماڭا ياردەملىشىپ لۇڭشېڭ شىركىتىدىن خىزمەت ئالاقىلىشىپ بەردى، ھەر ئايدا 3000 يۈەن ئەتراپىدا مائاش ئالالايمەن، مۇقىم كىرىمگە ئىگە بولدۇم، بۇنىڭدىن مەن ناھايىتى خۇشال».

«بۇ سۇپىدا خېرىدار بولۇشقا بىۋاسىتە تىزىملاتقىلى بولىدىكەن، بارلىق ئاممىۋى بايلىقنىڭ خېرىدار چاقىرىش ئۇچۇرلىرىنى تەكشۈرگىلى بولىدىكەن، ھەققەتەن ۋاقىتنى تېجىگىلى ھەم خاتىرجەم بولغىلى بولىدىكەن» دېدى باينغولىن ئوبلاستلىق ئاممىۋى بايلىق سودا مەركىزى ئېلېكتىر ئېنېرگىيە قۇراشتۇرۇش تۈرىگە خېرىدار بولۇشقا كەلگەن لىۋ جۈن خۇشال ھالدا. باش تېما تەربىيەسى داۋامىدا، باينغولىن ئوبلاستلىق ئاممىۋى بايلىق سودا مەركىزى خەلققە مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىدىكى ئاجىز تۈرلەر، كەمتۈكلۈكلەرنى يەنىمۇ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپتىن تۈزىتىپ، تېخىمۇ كۆپ كارخانىلارنى، بولۇپمۇ پۇقراۋى كارخانىلارنى ئاممىۋى بايلىق سودىسىغا قاتناشتۇردى.